# ئايالى روزا تۇتۇشنى خالىمايدۇ

زوجته لا تريد أن تصوم

< الأويغورية - ئۇيغۇرچە - uyghur >

ئىسلام سوئال جاۋاپ تورى ئىلمى خىزمەت گۇرۇپپىسى

القسم العلمي بموقع الإسلام سؤال وجواب

**تەرجىمە قىلغۇچى:** سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

**تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى:** نىزامىددىن تەمكىنى

**ترجمة:** سيف الدين أبو عبد العزيز

**مراجعة:** نظام الدين تمكيني

38282-نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

قېرىندىشىم دىندار بولسىمۇ لېكىن ئايالى دىنى چۈشەنچىسى يوق ئايال، رامىزان ۋە روزىنى ئەسلا بىلمەيدۇ، ئۇلارغا يېقىن جايدا ئولتۇرۇشلۇق بىرەر تونۇغانلىرىمىزمۇ يوق، قېرىندىشىم ئايالىنى ئۆزگەرتىش ۋە تەسىر كۆرسىتىشتە بەك قىينىلىپ كېتىۋاتىدۇ، ئاللاھ تائالادىن ئايالىغا ھىدايەت تىلەپ، ئۆزگەرىشىنى تىلەپ، بۇ ئىشتا ئۆزىگە سەۋرچانلىق ئاتا قىلىشىنى تىلەپ دۇئا قىلىدۇ، لېكىن ئايالى ھېچ ئۆزگەرمىدىغاندەك ياكى مۇسۇلمانغا ئوخشاش ئىش قىلمىدىغاندەك ئەمەس، قېرىندىشىمنىڭ ئايالىنىڭ دىندار بولىشى ۋە ئىسلامغا كۆپرەك يېقىنلىشىشى ئۈچۈن قانداق مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدا تەۋسىيە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

جاۋاپ:

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت-سالاملىرى بولسۇن.

قېرىندىشىڭىز ئايالىنى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن مۇمكىن بولىدىغان بارلىق ۋاستىلەر بىلەن تىرىشچانلىق قىلىشى زۆرۈر، ئايالىغا رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ئاگاھلاندۇرۇش ئۇسلۇبىنى قوللىنىشى، ئاللاھ تائالانىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنى ئەسلىتىشى، ئۇنىڭ ئىشىنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ نەسىھەت ئارقىلىق ئاگاھلاندۇرۇشى، گەرچە تونۇغانلاردىن بولمىسىمۇ باشقا ياخشى ئاياللارغا ھەمرا قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك. ئۇنى دىندار ياخشى ئاياللارغا ھەمراھ قىلىشى، پايدىلىق بولغان ئۈن-ئالغۇ، سىن-ئالغۇ لىنتىلىرى، مەنپەئەتلىنىلەيدىغان كىتابلارنى ھازىرلاپ بېرىشى كېرەك. بۇنىڭغا بوي سۇنسا بۇ ياخشى، ئەگەر بوي سۇنمىسا، ئۇنىڭ بىرىش ئېھتىمالى بار دەپ قارالسا يالغۇز قالدۇرۇش ئۇسلۇبىنى قوللىنىش كېرەك، چۈنكى ئەر كىشىنىڭ ئۆز ھەققى ئۈچۈن ئايالىنى يالغۇز قالدۇرۇشى دۇرۇس بولغان يەردە، ئاللاھ تائالانىڭ ھەققى ئۈچۈن يالغۇز قالدۇرۇش ئەلۋەتتە دۇرۇس بولىدۇ.

ئەبۇ ئۇمامە ئەل باھىلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان دېيدۇ: «مەن ئۇخلاپ قالغان ۋاقتىمدا تۇيۇقسىز ئىككى كىشى يېنىمغا كېلىپ مېنىڭ بىلىكىمدىن تۇتۇپ تىك تاغنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىپ، تاغقا چىققىن دېدى، مەن چىقالمايمەن

دېدىم، ئۇلار: چىققىن بۇ ساڭا ئاسان دېدى، مەن تاغقا ئۆرلەپ ئۈستىگە چىققاندا تۇيۇقسىز قاتتىق بىر ئاۋازنى ئاڭلىدىم ، مەن: نېمە ئاۋاز دەپ سورىدىم، ئۇلار: بۇ دوزاخ ئەھلىنىڭ نالە-پەرياتلىرى دېدى، ئاندىن ئۇلار مېنى ئېلىپ ماڭدى، مەن تۇيۇقسىز جاۋغايلىرى ئېلىمەك بىلەن ئېككى تەرەپكە تارتىلىپ قان ئېقىۋاتقان بىر بۆلۈم كىشىلەرنىڭ يېنىغا كېلىپ قالدىم، مەن ئۇلار كىم؟ دەپ سورىسام، ئۇلار: بۇ كىشىلەر رامزاندا ئىپتار ۋاقتىدىن بۇرۇن ئىپتار قىلغان كىشىلەر دېدى.»
[بەيھەقى رىۋايىتى 7796-ھەدىس. شەيخ ئەلبانى رەھىمەھۇللاھ سەھىھ دېگەن].

ھەدىستە بايان قىلىنغان جازا، روزا تۇتۇپ مۇددەتتىن بۇرۇن ئىپتار قىلغان كىشىلەرنىڭ جازاسى بولسا، پەقەت روزا تۇتمىغان كىشىلەرنىڭ جازاسى قانداق بولار؟!.

قېرىندىشىڭىزنىڭ ئايالى روزا تۇتماسلىق بىلەن بىرگە پەقەت نامازمۇ ئوقۇمىسا، ئۇ ۋاقىتتا ئۇ ئايال، ئالىملارنىڭ كۈچلۈك قارىشىدا ئىسلام دائىرىسىدىن چىقىپ كەتكەن بولىدۇ. يۇقىرىقىدەك ئەھۋال ئاستىدا قېرىندىشىڭىز ئۇ ئايالنى نىكاھىدا ساقلىشى توغرا بولمايدۇ.

بۇ ھەقتە تېخىمۇ كۆپ مەلۇمات ھاسىل قىلىش ئۈچۈن 12828-نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا قارالسۇن.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.

IslamHouse.com